# 122319 - قازا روزا ئۈچۈن پىدىيە بېرىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

بىر خانىم رامزاننىڭ قازا روزىسى ۋە يېمەك بېرىش توغرىسىدا سورايدۇ، قازا روزىنى تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەر كۈنلۈك ئۈچۈن ئايرىم يېمەكلىك بېرىمەنمۇ ياكى ھەممە كۈننىڭ سانى بويىۇنچە بىر قېتىم يېمەك بەرسەم بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇ يىللىق رامزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىپ بولغىچە ئىككىنچى يىلدىكى رامزان كېرىپ قالغان بولسا، قازا روزىنى كېچىكتۈرۈش كېسەللىك، ھامىلدارلىق، بالا ئېمىتىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولغان بولسا، ئۇ خانىمغا پەقەت روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە كېرەك بولمايدۇ.

روزىنىڭ قازاسىنى سەۋەبسىز كېچىكتۈرگەن بولسا، گۇناھكار بولىدۇ، قازاسىنى قىلىش كېرەك بولىدۇ، كېچىكتۈرگەنلىككە پىدىيە بېرىش كېرەك بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا ئالىملار ئارىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بار، كۆپچىلىك ئالىملار پىدىيە بېرىش كېرەك بولىدۇ دەپ قارايدۇ. پىدىيە دېگەن؛ بىر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن بىر كەمبەغەلگە يېمەك بېرىدۇ، بىز بۇنىڭ تەپسىلاتىنى 26865- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلدۇق. بۇ مەسىلىدىكى كۈچلۈك قاراشتا پىدىيە ۋاجىپ بولمايدۇ، لېكىن ئېھتىيات يۈزىسىدىن پىدىيە بېرىۋەتسە ياخشى بولىدۇ.

پىدىيە بېرىدۇ دېگەن ئالىملارنىڭ قارىشىغا كۆرە، ئىككىنچى رامزاننىڭ ۋاقتى كېرىش بىلەن پىدىيە ئۇ كىشىنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ، ئۇ كىشىگە پىدىيەنى ئادا قىلىش كېرەك بولىدۇ، پىدىيەنى روزىنىڭ قازاسى بىلەن بىرگە بەرسىمۇ بولىدۇ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن پىدىيىنى بېرىشكە ئالدىرىسا ياخشى بولىدۇ.

"پىقھى توپلاملىرى" 28-توم 76-بەتتە مۇنداق كەلگەن: رامزاننىڭ قازاسىنى قىلىش كېچىكتۈرۈش بىلەن بولىدۇ لېكىن كۆپچىلىك ئالىملار كېچىكتۈرۈشنى قازاسىنى ئادا قىلىدىغان ۋاقىتنى ئۆتكۈزىۋەتمەسلىككە يەنى يەنە بىر رامزانغا قالدۇرماسلىققا ئالاقىدار قىلغان. بۇ توغرىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان

ھەدىستە: «مەن ئۆتكەن رامزاننىڭ قازا روزىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتى بىلەن بولۇپ ئادا قىلالمايتتىم، پەقەت شەبان ئېيىدا ئادا قىلىشقا پۇرسەت بولاتتى» دېگەن.

بۇمۇ بىرىنچى نامازنى ئادا قىلىشنى ئىككىنچى نامازنىڭ ۋاقتى كىرگۈچە كېچىكتۈرمەسلىككە ئوخشايدۇ.

كۆپچىلىك ئالىملار رامزاننىڭ قازا روزىسىنى ئۆزۈرسىز يەنە بىر رامزانغا كېچىكتۈرسە گۇناھكار بولىدۇ.
يۇقىرىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىسكە كۆرە، ئەگەر كېچىكتۈرسە پىدىيە كېلىدۇ. ھەر بىر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن بىر كەمبەغەلگە يېمەك بېرىدۇ دەيدۇ، بۇ توغرىدا ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر ۋە ئەبۇ ھۆرەيرە قاتارلىق سەھابىلاردىن (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇلار مۇنداق دېگەن: «ئۆستىدە قازا روزىسى تۇرۇپ يەنە بىر رامزانغىچە ئادا قىلمىغان كىشىگە روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن بىرگە ھەر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن بىر كەمبەغەلگە يېمەك بېرىش كېرەك بولىدۇ». بۇ پىدىيە قازا روزىنى كېچىكتۈرگەنلىك ئۈچۈندۇر، يېمەكنى قازاسىنى قىلىشتىن ئىلگىرى بەرسىمۇ، كېيىن بەرسىمۇ  ياكى قازاسىنى قىلىش بىلەن بىرگە بەرسىمۇ بولىدۇ".

ھەنبەلىي مەزھەپىدىكى مىرداۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "كاپارەتتە دۇرۇس بولىدىغان نەرسىنى يېمەك قىلىپ بېرىدۇ، يېمەكنى قازاسىنى قىلىشتىن ئىلگىرى بەرسىمۇ، كېيىن بەرسىمۇ  ياكى قازاسىنى قىلىش بىلەن بىرگە بەرسىمۇ بولىدۇ.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ: بىزنىڭ قارىشىمىزدا؛ ياخشىلىققا ئالدىرىغانلىق، كېچىكتۈرۈشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يېمەكلىكنى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشتىن بۇرۇن بەرسە ياخشى بولىدۇ دەيدۇ". ["ئەل ئىنساپ" 3-توم 333-بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.